## 13319 ـ جان كىرىپ بولغان تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ ھۆكمى

### سوئال

بەش ئايلىق بولغان تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتسە قانداق بولىدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە قارىشىدىكى مەزھەپ ئالىملىرى، تۆرەلمىگە جان كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن (يەنى بىر يۈز يىگىرمە كۈندىن كېيىن)، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ (يەنى ئۆلتۈرىۋېتىشنىڭ) ھارام ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن. ئەگەر ھامىلدارلىق داۋاملىشىش جەريانىدا ئانىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغان ئەھۋال بولسا، مانا بۇ ۋاقىتتا تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتسە دۇرۇس بولىدۇ.

تۆرەلمىگە جان كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش توغرىسىدا مەزھەپ ئالىملىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. ئەمما تۆرەلمىگە جان كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنى قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىنساننىڭ ھۆكمىدە بولىدىغانلىقىغا يېقىھشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ تەرجىمىسى: شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق. [سۈرە ئىسرا 70-ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا تەرجىمىسى: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ. [سۈرە مائىدە 32-ئايەت].

مالىكى مەزھەپ ئالىملىرىدىن ئىبنى جەزيى رەھىمەھۇللاھ يىقھى قانۇنلار ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بالىياتقۇ ئىسپىرمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ، شەكىلگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا چېقىلىش قاتتىق چەكلىنىدۇ، تۆرەلمىگە جان كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا چېقىلىش ئەسلا توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆزقارىشى بىلەن بىر جاننى ئۆلتۈرگەنلىك بولىدۇ. [يىقھى قانۇنلار نامىلىق ئەسەر 141-بەت].

شاپىئى مەزھەب ئالىملىرىدىن شەمسىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلرەملىينىھايەتۇل مۇھتاج نامىلىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

تۆرەلمىگە جان كىرىشكە ئاز قالغاندا ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش قەتئى جايىز ئەمەس، چۈنكى ئۇنداق قىلىش جىنايەتتۇر، ئاندىن تۆرەلمە ئادەم شەكلىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنى چۈشۈرۈۋەتسە، شەرىئەتتە چۈشۈرىۋەتكۈچىگە؛ ئايال كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلغا كېلىدىغان دىيەتنىڭ يۈزدە 10%پىرسەنتىنى ئادا قىلىشى بىكىتىلىنىدۇ. [نىهايەتۇل مۇهتاج 8- توم 442-بەت].

بەهرۇر رائىق دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق يازىدۇ: "تۆرەلمىدە بەزى جىسىم شەكىللەنگەندىن كىيىن، ئۇ بالا هېسابلىنىدۇ".

بىنايە ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: "تۆرەلمىنىڭ بەزى شەكىللىرى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈش توغرا بولمايدۇ. تۆرەلمە گۆشلۈك ۋە قانلىق هالىتىدىن پەرقلەنسە جانلىق دېيىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆزقارىشى بىلەن، تۆرەلمە هاياتىنىڭ ساقلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان بىر جان هېسابلىنىدۇ".

يۇقىرىدىكى دەلىل-ئىسپاتلار ۋە ئۆلىمالارنىڭ كۆزقاراشلىرى شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، تۆرەلمىگە جان كىرگەندىن كېيىن ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش توغرا بولمايدۇ. ئەمما ئىشەنچلىك دوختۇرلارنىڭ ئىسپاتى بىلەن زۆرۈر بولغاندا، يەنى تۆرەلمىنى چۈشۈرۋەتمىسە ئانىنىڭ هاياتىغا خەۋپ يېتىدىغان ئەهۋال بولۇپ قالسا، ئۇنداق شارائىتتا تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش دۇرۇس بولىدۇ.

هازىرقى ئەسىردە ماددى ۋە ئىلمى شارائىتلارنىڭ ياخشىلىنىشى، تىببى تەرەققىياتلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىشى سەۋەبلىك، ئانىنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن، تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئىشلىرى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.